تونۇپ ئېلان قىلىش · ئاپتونوم رايوننىڭ قەرەللىك ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا

### ئاپتونوم رايونىمىز قانۇن مۇلازىمىتىنى ئاساسىي قاتلامغا ئۇزارتىشنى قوللاپ، يېتەكلەپ

# پۈتۈن كەسىپ، پۈتۈن ۋاقىت ۋە بوشلۇقنى قاپلىغان قانۇن مۇلازىمىتى تورىنى بەرپا قىلىدۇ

مۇخبىرىمىز **جاڭ يۈنپىڭ**نىڭ 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە: ئاپتونوم رايونىمىز «بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش»نى نىشان قىلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە قانۇن مۇلازىمىتى بايلىقىنى بىرلەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، تېزدىن پۈتۈن كەسىپ، پۈتۈن ۋاقىت ۋە بوشلۇقنى قاپلىغان قانۇن مۇلازىمىتى تورىنى بەرپا قىلىدىكەن.

ئىگىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتى ئەمەلىي گەۋدە، قىزىق لىنىيە، توردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سۇپىنى ۋاستە قىلىپ، ئادۋوكاتلىق ئورنى، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى، ئەدلىيەلىك باھالاش ئورنى، كېلىشىم كومىتېتى، ئەدلىيە ئورنى، قانۇن ياردىمى مەركىزى، خەلق مۇرەسسە تەشكىلاتى قاتارلىق ھەرقايسى كەسپىي قانۇن مۇلازىمىتى ئاپپاراتلىرىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ھازىر شەھەر ـ يېزىلارنى قاپلىغان ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتى سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ئەنۋەر سېيىت مۇنداق دېدى: شىنجاڭ ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتى سۇپىسى قۇرۇلۇشى 2015 ـ يىلى نۇقتىدا سىناق قىلىنىش ئاساسىدا، 2017 ـ يىلى 10 ـ ئايدا رەسمىي ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. ئەمەلىي سۇپا جەھەتتە، بەش دەرىجىلىك قۇرۇلۇش ۋە قوللىنىش ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈلدى، ھازىر پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتى مەركىزىدىن ئۈچى، ناھىيە (شەھەر، رايون)لۇق ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتى مەركىزىدىن 96سى، يېزا ـ بازار(كوچا)لىق ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتى خىزمەت پونكىتىدىن 1087سى، كەنت(ئاھالە) كومىتېتى ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتى خىزمىتى ئىشخانىسىدىن 11 مىڭ 577سى قۇرۇلدى، قىسمەن ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)لەر يەنە خەلققە قولايلىق ساقچى پونكىتىدا ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتى نۇقتىسى قۇرۇپ، ئۇزارتىلغان مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى.

تور سۇپىسى ۋە قىزىق لىنىيە سۇپىسى قۇرۇلۇشىدا، ئاپتونوم رايونىمىز «ئالاقە تورى + ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتى»نى پائال بەرپا قىلدى. 2018 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «12348 شىنجاڭ قانۇن تورى» تور سۇپىسى تورغا چىقىرىلىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، يان تېلېفون APPسى، ئۈندىدار ئاممىۋى نومۇرى، PC تېرمىنالى ۋە كۆچمە تېرمىنالنىڭ تولۇق قاپلىنىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇلتۇر 12 ـ ئايدا، يەنە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «12348 ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتى قىزىق لىنىيە سۇپىسى» ئېچىلدى، 785 نەپەر قانۇن مۇلازىمىتى خادىمى لىنىيەدە مۇلازىمەت قىلىشقا قاتنىشىپ، 9000 ئادەم قېتىمغا تېلېفون ئارقىلىق مەسلىھەت بەردى.

«كېيىنكى قەدەمدە، بىز ساقلىنىۋاتقان ئاجىز ھالقىلارغا قارىتا، ئاساسىي ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتىنىڭ تەڭپۇڭ تەرەققىياتىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ئۈچ چوڭ سۇپىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، شەھەر رايونىدىكى ئەلا سۈپەتلىك قانۇن مۇلازىمىتى كۈچلىرىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە، ئېغىرلىق مەركىزىنى تۆۋەنگە يۆتكەشكە تۈرتكە بولۇپ، ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتىنى ئاساسىي قاتلامغا، ئاممىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىمىز» ئەنۋەر سېيىت مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايون ئەدلىيە سىستېمىسى يەنە قانۇن مۇلازىمىتى سۇبيېكتى بايلىقى قوشۇنىنىڭ كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش رايونلىرىنى بىرلەشتۈرۈش، تارماق ئاپپارات تەسىس قىلىش، ھاۋالىلىك باشقۇرۇش، ۋاكالىتەن باشقۇرۇشنى قوللىنىپ، قانۇن مۇلازىمىتى بايلىقىنىڭ قانۇن بويىچە رايون ھالقىپ مۇۋاپىق يۈرۈشۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامدا قانۇن مۇلازىمىتى بايلىقى كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى كۆپ خىل يول ئارقىلىق ھەل قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە قانۇن ياردىمى بوسۇغىسىنى تۆۋەنلىتىشنى تەتقىق قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانۇن ياردىمى دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. ئاساسىي قاتلام قانۇنچىلىق تەشۋىقات بازىسى، خەلق مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، كەنت(ئاھالە) كومىتېتى قانۇن مەسلىھەتچىسى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ناھىيە تەۋەسىدە ئادۋوكاتلىق ئورنى ۋە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنىنى تېزدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شەھەر رايونى ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، يېزا ـ بازار ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى ئورۇنلىرىنى مۇۋاپىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قانۇن ياردىمى مۇلازىمەت پونكىت ـ نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، قانۇن مۇلازىمىتىنى ئاساسىي قاتلامغا ئۇزارتىشنى قوللايدۇ، يېتەكلەيدۇ.

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى رەھبەرلىك بەنزىسى باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز **جاڭ يۈنپېي** خەۋەر قىلىدۇ: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى رەھبەرلىك بەنزىسى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى.

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەركىزى 6 ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتنىشىپ يېتەكچىلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى بۇ قېتىمقى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، يىغىندىن بۇرۇن، بەنزە ئەزالىرى كوللېكتىپ ئۆگىنىش بىلەن شەخسىي ئۆگىنىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، مەخسۇس لېكسىيە بىلەن مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، تېما بەلگىلەپ ئۆگىنىش بىلەن تەتقىق قىلىپ، مۇھاكىمە قىلىپ ئۆگىنىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى ۋە شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسى، پارتىيە ئىنتىزامىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى توغرىسىدىكى ئالاقىدار تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يازما پىكىر ئېلىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، سۆھبەتلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ تەكلىپ ـ پىكىر ئالدى؛ سىردىشىش، سۆزلىشىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، بەنزە ئەزالىرى ئارىسىدا، بەنزە ئەزالىرى ئۆزلىرى مەسئۇل بولغان باشقارما، ئىشخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مەسئۇل يولداشلىرى، ئۆزىنىڭ تەشكىلىي مۇناسىۋىتى تۇرۇشلۇق پارتىيە ياچېيكىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى بىلەن جەزمەن سۆزلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىشقا تولۇق ئىدىيە ۋە خىزمەت تەييارلىقى قىلدى.

يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىدىكى مەسئۇل يولداش رەھبەرلىك بەنزىسىگە ۋاكالىتەن تەكشۈردى، كۆزەتتى، تەھلىل قىلدى، بەنزە ئەزالىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆزىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تەھلىل قىلىشنى قانات يايدۇردى، تەنقىد ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇردى. يىغىندا قىلىنغان سۆزلەردە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «تۆتكە سېلىشتۇرۇش» «تۆتنى تېپىش» تەلىپى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، مەسىلە ۋە يېتەرسىزلىكلەر ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق رەتلىنىپ، ئۆزىگە تەتبىقلىنىپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتكە تەتبىقلىنىپ، خىزمەتكە تەتبىقلىنىپ، مەسىلىلەرگە توغرا قاراش سەگەكلىكى، ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى ۋە پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىش جاسارىتى بىلەن بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈلۈپ ـ كۆزىتىلىپ، چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ، ئىدىيە ۋە سىياسىيدىكى چاڭ ـ توزانلار تازىلىنىپ، تىرىشىش يۆنىلىشى ۋە تۈزىتىش تەدبىرلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، يۈزى قىزارتىلىپ تەرلىتىلىپ، زەھەر ھەيدىلىپ كېسەل داۋالىنىپ، مەدەت بېرىلىپ ئىلھاملاندۇرۇلۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ» كۈچەيتىلىپ، «تۆت ئىشەنچ» چىڭىتىلىپ، «ئىككىنى قوغداش» تېخىمۇ قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، كۈچنى مۇجەسسەملەش مەقسىتىگە يېتىلدى.

# جەنۇبىي شىنجاڭ تۇپرىقىدا ياڭرىغان يېشىللىق قەسىدىسى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«سۇ بولمىغاچقا، كىشىلەر قۇدۇق قازدى، ئەڭ ئاخىرىدا قۇدۇقلارمۇ قۇرۇپ كەتتى...» دېدى تۆۋەن ئېقىندىكى بىر كىچىك بازاردا ئولتۇرۇشلۇق 74 ياشلىق بوۋاي ۋاڭ جيەنبىن ئەسلەپ.

چارۋىچىنىڭ ئوغلى مەمەتتۇردى روزىنىڭ ئېسىدە شۇنداق ئېنىقكى، تارىم دەرياسى قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، دەريا يوللىرىدا سۇ يىغىلىپ قالغان نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك كۆلچەكلەر پەيدا بولۇپ، ئاپتاپتا سۇنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن. دادىسى باققان 300 قوي بۇ سۇنى ئىچىپ، بىر يىلدىلا 40 ـ 30 قوي ئۆلگەن.

داشخەيزى سۇ ئامبىرىدىن تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى تېتېما كۆلىگىچە بولغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇق 360 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ لىنىيەدە ئەسلىدە دەريانى بويلاپ قويۇق ئۆسكەن توغراقلىق، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق يۇلغۇن ۋە سۆكسۆكلەر بار ئىدى. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ئۈزۈلۈپ قېلىپ نەچچە ئون يىلدىن كېيىن، بۇ ئۆسۈملۈكلەر خۇددى باتۇر قېرىسا كۈچىدىن قالغاندەك، تەلۋە قۇم ـ بورانىنىڭ توختىماي ئىلگىرىلىشىنى توسۇشقا ئامالسىز قالدى.

تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دەريا يولى ئەسلىدە ئىككى قۇملۇقنى ئايرىپ تۇراتتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، قۇمتاغ قۇملۇقى قۇرۇپ كەتكەن دەريا يولىنى ھالقىپ ئۆتۈپ، غەربىي تەرەپتىكى قوشنىسى تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى.

كۆچمە قۇم بارخانلىرى قەدەممۇ قەدەم قىستاپ كەلدى، يېزا ـ بازار، كەنت ـ مەھەللىلەرنى پۈتۈن گەۋدە بويىچە كۆچۈرۈش توغرىسىدىكى مىش ـ مىش گەپلەر سارىسىمىدە قالغان دېھقانلار ئارىسىدا تارقالدى. يىغىلىپ قالغان سۇمۇ تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن، چارۋىچىلار ئامالسىز قولىدىكى قامچىسىنى ئوينىتىپ، قوي پادىلىرىنى شىمالغا قاراپ ھەيدەپ سۇ ئىزدىدى.

**قۇملۇقتا دەريا يولى قېزىش**

سىياسىي ساھە، ئىلىم ساھەسى، ئاخبارات ساھەسى... تارىم دەرياسى تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئېكولوگىيە مەسىلىسى كۆپ تەرەپنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

2001 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، گوۋۇيۈەن «تارىم دەرياسى ئېقىن رايونىنى يېقىنقى مەزگىللىك ئۇنىۋېرسال تۈزەش يىرىك پىلانى دوكلاتى»غا رەسمىي تەستىقىي جاۋاب بېرىپ، تەخمىنەن 10 مىليارد 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. بۇ تۈرلۈك ئۇنىۋېرسال تۈزەشنىڭ ئاساسىي نىشانى تارىم دەرياسى تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئېكولوگىيەسىنىڭ سىجىل ناچارلىشىشىنى توسۇش ئىدى.

پىلانغا ئاساسەن، ھۆكۈمەت مۇنداق ئىككى تەرەپتىن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا «سۇ ئىزدىدى»: بىر تەرەپتىن، نۇرغۇن قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك تەدبىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۇنىۋېرسال تۈزدى، مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پاختىكار دېھقانلارغا تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، ھەممىدە دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى تۇپا ئۆستەڭنى سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ قىلىپ ئۆزگەرتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، قۇرۇلۇش خاراكتېرىدە بولمىغان تەدبىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر تۈر ئېقىن رايونىنى سۇ بايلىقىنى بىرتۇتاش باشقۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش، بۇ خىزمەتكە ئاساسەن شىنجاڭ تارىم دەرياسى ئېقىن رايونىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى مەسئۇل بولدى.

تارىم دەرياسى ئېقىن رايونى شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئىككى ئوبلاستتىكى نەچچە ئون ناھىيە، شەھەردىن ھالقىغان بولۇپ، مەنپەئەت سۇبيېكتىنىڭ شۇنچە كۆپ مەنبەلىك بولۇشى قۇرۇلۇش خاراكتېرىدە بولمىغان تەدبىرنىڭ يولغا قويۇلۇشتىكى قىيىنلىق دەرىجىسىنىڭ تېخىمۇ چوڭلۇقىنى بەلگىلىگەن.

«بەزى دېھقانلارنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىدى، تۆۋەن ئېقىندا سۇ بولمىسا نېمە ئۈچۈن يۇقىرى ئېقىنغا چەك قويۇلىدۇ؟» جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر سۇچىلىق كادىرى مۇنداق دېدى: ھەرقايسى جايلاردا سۇ تالىشىپ ئېقىن رايونىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدىغان ئىشلار ئارىلاپ يۈز بېرىپ تۇراتتى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، بۇنداق ئەھۋالدا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولدى.

ئېقىن ئۈزۈلۈپ 30 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن كېيىن، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دەريا يولىنى كۆچمە قۇم تىندۇرۇۋەتكەچكە، ھەتتا قىسمەن بۆلەكلىرى يوقاپ كەتكەچكە، سۇ 360 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تېتېما كۆلىگە ئېقىپ بارالمىدى.

«بىز قولدا ئېلىپ يۈرىدىغان GPS بىلەن دەريا يولىنى ئاز ـ ئازدىن ئىزدەپ تېپىپ، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، كۈرەكلىك ماشىنىغا قوماندانلىق قىلىپ قۇم دۆۋىلىرىنى قېزىپ، دەريا يولىنى راۋانلاشتۇردۇق.» تارىم دەرياسى ئېقىن رايونىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئۆمەرجان ئوبۇل مۇنداق دېدى: تۆۋەن ئېقىندىكى بەزى دەريا يولىنى پۈتۈنلەي قۇملۇقتىن قېزىپ چىقتۇق.

يېقىندا، تارىم دەرياسى ئېقىن رايونىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 2000 ـ يىلدىن بۇيانقى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا 20 ـ قېتىم ئېكولوگىيەلىك سۇ قويۇپ بېرىشنى تەشكىللىدى، ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولسا، داشخەيزى سۇ ئامبىرىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئېكولوگىيەلىك سۇنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 8 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ.

**يېشىل كارىدور قايتا نامايان بولۇش**

ھەر يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئالدى ـ كەينى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا سۇ كېلىدىغان ۋاقىت.

دەريا سۈيىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنىدىن ئېقىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرگەن چارۋىچىلار ھاياجانلانغىنىدىن تەنتەنە قىلىشتى. مەمەتتۇردى ھەممىشە 2000 ـ يىلى تۇنجى قېتىم دەرياغا سۇ كەلگىنىنى كۆرگەن چاغدىكى شۇ كۆرۈنۈشنى ئەسلەيدۇ، «دادام ھاياجانلانغان ھالدا ماڭا ‹ئاينىڭ 15ى قاراڭغۇ، 15ى يورۇق بولىدۇ، سۇ چوقۇم كېلىدۇ، دېگەندىمغۇ!› دېگەنىدى.»

ۋاڭ جيەنبىن ئولتۇرۇشلۇق كىچىك بازار ھازىر 218 دۆلەت يولىدىكى قاتناش مۇھىم بازىرى، سودىسى ئاۋات، مۇھىتى گۈزەل بولۇپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان مېھمانلار قونۇپ ئارام ئېلىشتا ئالدىن تاللايدىغان جايغا ئايلاندى.

سۇ ئېقىنى بارغانسېرى كۈچەيدى، شەپىسىمۇ بارغانسېرى چوڭايدى، تارىم دەرياسى ھەتتا دەريا يولىدىن تېشىپ چىقىپ، ئىككى قىرغاقتىكى يەر ئورنى تۆۋەن جايلاردىكى ياپپېشىل توغراقلىققا، سۆسۈن، قىزىل رەڭلىك گۈللەر بىلەن زىننەتلەنگەن چاتقاللىققا ئاقتى. دەريا قىرغىقى بويىدىكى چارۋىچىلار شۇنى بايقىدىكى، نۇرغۇن ئويمان يەرلەر سۇلۇق يەرگە، ھەتتا «بېلىق كۆلچىكى»گە ئايلانغاندى.

ئاپتوموبىل ھەيدەپ تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دەريا يولىنى بويلاپ ماڭغاندا، ئادەم «يېشىل كارىدور»دىن ئۆتۈۋاتقاندەك تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ. كەچكۈزدە، «يېشىل كارىدور» توردا ئالقىشلىنىپ، كىشىلەر بەس ـ بەستە بۇ يەرگە كېلىپ، ئالتۇنرەڭ توغراقلاردىن «ھۇزۇرلىنىدۇ». بەلكى ئۇزاققا قالماي، كىشىلەر پويىزغا ئولتۇرۇپ، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنى بويلاپ سەپەرگە چىقىپ مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلالايدۇ.

پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەسلىگە كېلىش، ياخشىلىنىش كۆلىمى 2285 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن، قۇملۇق يەر كۆلىمى 854 كۋادرات كىلومېتىر ئازايغان، ئۆسۈملۈك تۈرى 17 خىلدىن 46 خىلغا كۆپەيگەن.

«20 يىلغا يېقىن ئۇنىۋېرسال تۈزەش ئارقىلىق، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئېقىن ئۈزۈلۈپ قالغان 360 كىلومېتىردىن ئارتۇق دەريا يولى پۈتۈنلەي تۇتاشتۇرۇلدى، ھالاكەتكە يۈزلەنگەن توغراقلار قۇتقۇزۇۋېلىنىپ، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئېكولوگىيە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ‹يېشىل كارىدور› قوغداپ قېلىندى» دېدى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى چېن يانىڭ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چارۋا بېقىش چەكلەنگەن 150 مىليون 100 مىڭ مو ئوتلاق ئىچىدىكى 5 مىليون 100 مىڭ مو مۇھىم سۇ مەنبەسى ساقلانغان جاي ۋە ئوتلاق تۈرىدىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا چارۋا بېقىش چەكلەنگەن بولۇپ، ھەر موسىغا 50 يۈەن ئۆلچەمدە ياردەم پۇل بېرىلىدىكەن، 145 مىليون مو چېكىنىشى بىر قەدەر ئېغىر بولغان مۆتىدىل چۆل، ئېگىز سوغۇق چۆل ۋە ئېگىز سوغۇق ئوتلاقلاردا چارۋا بېقىش چەكلەنگەن بولۇپ، ھەر موسىغا ئالتە يۈەن ئۆلچەمدە ياردەم پۇل بېرىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون بويىچە چارۋا بېقىش چەكلەنگەن رايوندىن باشقا 540 مىليون 900 مىڭ مو ئوتلاققا قارىتا، ئوتلاق بىلەن چارۋىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئوتلاقنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئاساسەن مۇۋاپىق مال چارۋا سىغىمچانلىقى تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ، ئوتلاق بىلەن چارۋىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان چارۋىچىلارغا ھەر يىلى ھەر موسىغا 2.5 يۈەندىن مۇكاپات بېرىلىدىكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق ئىدارىسى يەم ـ خەشەك، ئوت ـ چۆپ باشقارمىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: دېھقان ـ چارۋىچىلارغا ياردەم پۇل، مۇكاپات بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئوتلاقتا چارۋا بېقىشنى چەكلەش ۋە ئوتلاق بىلەن چارۋىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشقا پايدىلىق بولۇپ، ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ۋە بەرپا قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىشكە پايدىلىق بولۇپ، يېشىل چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمنى پۇختا قەدەم بىلەن ئۆستۈرىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ئوتلاق ھۆددىگەرلىكى، چارۋىچىلارنىڭ ئۇچۇرىنى توپلاش، كىرگۈزۈش قاتارلىق ئۇل خىزمەتلەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چارۋا بېقىشنى چەكلەش ۋە ئوتلاق بىلەن چارۋىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى مۇستەھكەملەپ، تۈرلەرنى بىرىكتۈرۈش، مەبلەغنى چېتىش ئارقىلىق، «كەسىپ ئارقىلىق ئادەم يۆتكەش، ئوتلاقلاردىكى چارۋىلارنى ئازايتىش، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى يۆتكەش»نى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئوتلاق، چارۋىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق كەسپىنى ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ياردەم پۇل، مۇكاپات مەبلىغىنى تارقىتىش جەريانىدا، ھەر دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلار دېھقان ـ چارۋىچىلارنى مەبلەغنى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىشكە يېتەكلەپ، چارۋىچىلىق كەسپىنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ياردەم پۇل، مۇكاپات مەبلىغىنىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى پائال رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرىدۇ.

دېھقان ـ چارۋىچىلارغا ياردەم پۇل، مۇكاپات بېرىش سىياسىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر بولۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش، ئوتلاق، چارۋىچىلىق كەسپىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىش، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. دېھقان ـ چارۋىچىلارغا ياردەم پۇل، مۇكاپات بېرىش سىياسىتى «يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش ياردەم پۇلى، مۇكاپاتى بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش يېتەكچى پىكرى(2016 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلغىچە)»نىڭ تەلىپى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ياردەم پۇل، مۇكاپات مەبلىغى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇرۇن تارقىتىلىپ نەقلەشتۈرۈلىدۇ.